ئەلراينى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش

# پارتىيە بايرىقىنى ئېگىز جەۋلان قىلدۇرۇپ، ئەلنى مايىل قىلىپ، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش

## ــــ ئۈرۈمچى شەھەرلىك سانائەت ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش ئىدارىسى(چوڭ سانلىق مەلۇمات تەرەققىيات ئىدارىسى)نىڭ ئۈرۈمچى ناھىيەسى دۆڭلياڭ كەنتىدە تۇرۇشلۇق «ئەلراينى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتى توغرىسىدا

ئەلراينى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش يۇلتۇزى

□مۇخبىرىمىز يۈ شى

كەنت قىياپىتى كۈنسېرى يېڭىلاندى، ھەممەيلەننىڭ غەيرىتى تولۇپ تاشتى... بەش يىلدىن بۇيان، ئۈرۈمچى شەھەرلىك سانائەت ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش ئىدارىسى(چوڭ سانلىق مەلۇمات تەرەققىيات ئىدارىسى)نىڭ ئۈرۈمچى ناھىيەسى شۈيشىگۇ بازىرى دۆڭلياڭ كەنتىدە تۇرۇشلۇق «ئەلراينى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتى جاپالىق ئەجرى ۋە تىرىشچانلىقى ئارقىلىق دۆڭلياڭ كەنتىدە غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنى بارلىققا كەلتۈردى. بۈگۈنكى كۈندە، ئېگىز جەۋلان قىلىۋاتقان پارتىيە بايرىقى پۈتۈن كەنتتىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنى بىر مەقسەتتە ھەمكارلىشىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشقا يېتەكلىدى.

«خىزمەت ئەترىتىنىڭ يېتەكلىشىدە، خىزمىتىمگە بارغانسېرى پىششىپ كەتتىم» دېدى دۆڭلياڭ كەنتى پارتىيە باش ياچېيكىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى جارقىن ئۈرۈمقان 5 - ئاينىڭ 3 - كۈنى خىزمەت ئەترىتىنىڭ خىزمىتىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ.

### «پەي چىڭىتىلىپ، سۆڭەك كۈچلەندۈرۈلۈپ» خىزمەت ئىقتىدارى ئۆستۈرۈلدى

دۆڭلياڭ كەنتى قازاق مىللىتى توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان كەنت بولۇپ، ئۇزاقتىن بۇيان، 374 ئائىلە، 1212 نوپۇس بار بۇ كىچىك تاغلىق كەنت قاتناش قولايسىز، دېڭىز يۈزىدىن بىرقەدەر ئېگىز، باقمىچىلىقى بىرلا خىل بولۇش قاتارلىق «بوغما ھالەت»نىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىغانلىقتىن، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ كىرىمى تۆۋەن، تۇرمۇشى بىرقەدەر نامرات ئىدى. 2014 - يىلى، دۆڭلياڭ كەنتى ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلىدىغان نامرات كەنتلەر قاتارىغا كىرگۈزۈلدى.

خىزمەت ئەترىتى كەنتتە تۇرغاندىن كېيىن، دۆڭلياڭ كەنتى «ئىككى كومىتېت» بەنزىسىدە خىزمەت تەجرىبىسى كەمچىل بولۇش، ھەمكارلىق ئېڭى تۆۋەن بولۇش، مۇلازىمەت ئېڭى ۋە ئىقتىدارى ئاجىز بولۇش قاتارلىق مەسىلىلەرنىڭ ساقلانغانلىقىنى بايقىدى.

«كەنتنىڭ كۈچلۈك بولۇش - بولماسلىقىدا سەركىگە قاراش كېرەك. جەڭگىۋار قورغانلىق رولىنى جارى قىلدۇرسىلا، كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ بىر مەقسەتتە بولماسلىقىدىن ئەنسىرەشنىڭ ھاجىتى يوق» دېدى ئۈرۈمچى شەھەرلىك سانائەت ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش ئىدارىسى(چوڭ سانلىق مەلۇمات تەرەققىيات ئىدارىسى)نىڭ ئۈرۈمچى ناھىيەسى شۈيشىگۇ بازىرى دۆڭلياڭ كەنتىدە تۇرۇشلۇق «ئەلراينى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى، 1 - شۇجى ياڭ لىبى.

شۇڭا خىزمەت ئەترىتى كېسەلگە قاراپ دورا بېرىپ، «ئۆگىتىش، يېتەكلەش، ياردەم بېرىش، تۈرتكە بولۇش»نى تۇتقا قىلىپ، شۇجىلارنى ياخشى يېتىشتۈرۈش، بەنزىنى ياخشى بەرپا قىلىش، قوشۇننى ياخشى قۇرۇش، مېخانىزمنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، بازىنى ياخشى قۇرۇش قاتارلىق تەدبىرلەر ئارقىلىق بارلىق چارە - ئاماللار بىلەن كەنت پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ «پېيىنى چىڭىتىپ، سۆڭىكىنى كۈچلەندۈردى».

خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت ئەزالىرى كەنت كادىرلىرى بىلەن «بىرگە بىر» ياردەم بېرىش - يۆلەش مۇناسىۋىتى ئورنىتىپ، قولمۇقول پىكىر يولىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، تەجرىبە ئۆگىتىپ، تەلەپ قويۇپ، مەسئۇلىيەتنى چىڭىتىپ، تىرىشىپ كەنت «ئىككى كومىتېت»نىڭ ئاممىغا مۇلازىمەت قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈردى. بۇنىڭدىن باشقا، خىزمەت ئەترىتى يەنە ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، تەشكىلىي تۇرمۇش، نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈش، سۆھبەتلىشىش قاتارلىق جەھەتلەردىن قول سېلىپ، كەنت دەرىجىلىك تۈرلۈك تۈزۈملەرنى مۇكەممەللەشتۈردى. بۇ تەدبىرلەر ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ جانلىقلىقى ۋە ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرۇپ، ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتىنى ئاممىنىڭ «يۆلەنچۈكى»گە ئايلاندۇردى.

ھازىرغىچە، كەنتتە 30 كىشى پارتىيەگە كىرىش ئىلتىماسى سۇندى، سەككىز كىشى پارتىيەگە كىرىش ئاكتىپى قىلىپ بېكىتىلدى.

### دائىرە پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ مۇلازىمەت سەۋىيەسى ئۆستۈرۈلدى

«كەنتىمىزدە دائىرە پارتىيە ياچېيكىسى ئادەملەر ئەڭ كۆپ ئىزدەيدىغان جاي» دېدى كەنت ئاھالىسى ئادالەت توخۇرخان مۇخبىرغا.

ئاممىغا مۇلازىمەت قىلىشنىڭ «ئەڭ ئاخىرقى بىر كىلومېتىر»نى تۇتاشتۇرۇش ئۈچۈن، خىزمەت ئەترىتى كەنتتە تۇرغاندىن بۇيان، «يېزا پارتىيە قۇرۇلۇشىدا دائىرىنى تۇتۇش» ئەندىزىسى ئۈستىدە ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىپ، دۆڭلياڭ كەنتىنى دائىرە بويىچە ئايرىپ، تۆت دائىرە پارتىيە ياچېيكىسى قۇرۇپ، ھەربىر كەنت ئاھالىسىنى ئۆز تەۋەلىكى بويىچە دائىرە پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش دائىرىسىگە كىرگۈزدى. ھەربىر دائىرە پارتىيە ياچېيكىسى ئىقتىدارى كۈچلۈك، ئىناۋىتى يۇقىرى بولغان بىر پارتىيە ئەزاسىنى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىلىقىغا سايلىدى ھەم پارتىيە ئەزالىرى ئائىلىسى قۇرۇپ، كۆرگەزمە تاختىسى، كىتاب ئىشكابى، ئۈستەل - ئورۇندۇق قاتارلىقلارنى سەپلەپ، ئىنچىكىلەشكەن مۇلازىمەت، باشقۇرۇش ئارقىلىق دائىرە پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ ئاممىغا مۇلازىمەت قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈردى. 2017 - يىلى 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، شۈيشىگۇ بازارلىق پارتكومنىڭ تەستىقلىشى بىلەن دۆڭلياڭ كەنتىدە پارتىيە باش ياچېيكىسى قۇرۇلدى.

«دائىرە پارتىيە ياچېيكىسى ‹ئادەم دائىرە ئىچىدە مېڭىش، ئىشنى دائىرە ئىچىدە بېجىرىش›تەك جەمئىيەتنى ئىدارە قىلىشنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈردى» دېدى ياڭ لىبى.

كەنت ئاھالىسى گۈلسۈم خۇناپىيانىڭ پېچىنە - پىرەنىك دۇكىنى ئاچقۇسى بار ئىدى، براق ھۈنىرىنىڭ ئۆلچەمگە يەتمەسلىكىدىن ئەنسىرەيتتى. دائىرە پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى ئەھۋالنى بىلگەندىن كېيىن خىزمەت ئەترىتىگە مەلۇم قىلدى. كېيىن، خىزمەت ئەترىتى ئالاقىدار تارماق بىلەن ئالاقىلىشىپ كەنتتە تەربىيەلەش كۇرسى ئاچتى، گۈلسۈم قاتارلىق ئاياللار پېچىنە پىشۇرۇش ھۈنىرىنى ئۆگىنىۋالدى.

كەنت ئاھالىسى بېكىن ئەخمەتوللا ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلە بولۇپ، دائىرە پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىلىقىغا سايلانغاندىن كېيىن، ئۇ بىر تەرەپتىن، دائىرە پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ قۇرۇلۇشىنى، يەنە بىر تەرەپتىن، دائىرىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتىنى تۇتتى. ئۇنىڭ تۈرتكىسىدە، كەنت ئاھالىلىرى ساياھەتچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش پۇرسىتىنى چىڭ تۇتۇپ، كەينى - كەينىدىن دېھقانلار ئارامگاھى ئېچىپ كىرىمىنى ئاشۇردى.

ئىگىلىنىشىچە، دۆڭلياڭ كەنتىدە تۆت دائىرە پارتىيە ياچېيكىسى قۇرۇلغاندىن بۇيان، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 147 ئادەم قېتىمنىڭ داۋالىنىش، ئىشقا ئورۇنلىشىش، ئوقۇش قاتارلىق مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىپ، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ماختىشىغا ئېرىشكەن.

### كۆپ خىل تەدبىر تەڭ قوللىنىلىپ، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشىغا ياردەم بېرىلدى

نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىپ ھاللىق سەۋىيەگە يېتىش ئىزچىل تۈردە دۆڭلياڭ كەنتىدىكى كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئارزۇسى ئىدى.

«ئىلگىرى كەنتىمىزنىڭ شارائىتى ناچار، كەنت ئاھالىلىرى نامرات، كىشىلەرنىڭ كۆڭلى چېچىلاڭغۇ ئىدى» دېدى دۆڭلياڭ كەنتىدىكى كەنت ئاھالىسى گۈلزات نۇردوللا. كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى كونىلىقنى ساقلاش تەپەككۇرىنى بۇزۇپ تاشلاش ئۈچۈن، خىزمەت ئەترىتى ۋە كەنت پارتىيە باش ياچېيكىسى تەشۋىقات ئەترىتىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، كەنت ئاھالىلىرىنى ھويلا - ئاران ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئىلھاملاندۇردى.

2015 - يىلدىن 2018 - يىلغىچە، دۆڭلياڭ كەنتى مەركەز مالىيەسىنىڭ نامراتلارنى يۆلەش - تەرەققىي قىلدۇرۇش مەخسۇس تۈر مەبلىغىدىن 5 مىليون 580 مىڭ يۈەن ئىلتىماس قىلىپ، نامراتلارنى يۆلەش تۈرىدىن يەتتىنى يولغا قويدى. بۇنىڭ ئىچىدە يولغا قويغان گۆش كالىسى، ئىنەك باقمىچىلىق تۈرىدە، ھەر يىلى 20 موزايىنى 20 نامرات ئائىلىگە بۆلۈپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ دەل جايىدا نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىغا ياردەم بەردى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، خىزمەت ئەترىتى يەنە يەرلىك توخۇ باقمىچىلىقى تۈرىنى كىرگۈزۈپ، كەنت ئاھالىلىرىنى باقمىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇشقا يېتەكلىدى؛ كەنت ئاھالىلىرىگە ياردەملىشىپ مۇھىت ئاسرىغۇچى، ئامانلىق ساقلىغۇچى، ئوتلاق قوغداش قاتارلىق خىزمەت ئورۇنلىرىنى ئالاقىلىشىپ بېرىپ، بارغانسېرى كۆپلىگەن كەنت ئاھالىسىنىڭ سىرتقا چىقىپ ئىشلەپ كىرىمىنى ئاشۇرۇپ بېيىشىغا ياردەم بەردى، يۆلىدى.

كۆپ خىل تەدبىرلەرنى تەڭ قوللىنىش دۆڭلياڭ كەنتىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇردى. 2018 - يىلى، پۈتۈن كەنتنىڭ كىشى بېشى ساپ كىرىمى 15 مىڭ 924 يۈەن بولۇپ، 2014 - يىلدىكى 8600 يۈەندىن 85.2% ئاشتى.

## « 1 - ماي»لىق دەم ئېلىشتىن ھۇزۇرلىنىش



**لوپنۇرلۇقلار كەنتى ساياھەت يۇقىرى دولقۇنىنى كۈتۈۋالدى**

5 - ئاينىڭ 4 - كۈنى، ساياھەتچىلەر لوپنۇر ناھىيەسىنىڭ لوپنۇرلۇقلار كەنتى مەنزىرە رايونىدا يۈگۈرۈپ ئوينىماقتا.

5 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 4 - كۈنىگىچە، لوپنۇر ناھىيەسى جەمئىي 160 مىڭ ئادەم قېتىمدىن ئارتۇق ساياھەتچى كۈتۈۋالدى، ساياھەت كىرىمى 18 مىليون يۈەندىن ئاشتى. قۇملۇق، توغراقلىق قاتارلىق تەبىئىي مەنزىرىلەر ساياھەتچىلەرنى جەلپ قىلىۋالغاچقا، كېتىشكە كۆزى قىيمىدى.

□مۇخبىرىمىز خەن لياڭ فوتوسى

# مەركەز قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش نازارەتچىلىك - يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسىنىڭ قايتما ئىنكاس مەسىلىلىرىنى تۈزىتىش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇش كېرەك

(بېشى 1 - بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، سىياسىي قانۇن كومىتېتىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ جۈنجېڭ يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: نۆۋەتتە، مەركەز قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش 21 - نازارەتچىلىك - يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 1 - باسقۇچلۇق نازارەتچىلىك - يېتەكچىلىك خىزمىتىنى تاماملاپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۈرىشىدە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، يەنە ساقلانغان مەسىلىلەر ۋە يېتەرسىزلىكلەرنى كۆرسىتىپ بەردى. سىياسىي يۈكسەكلىكنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، دىققەتنى مەركەز نازارەتچىلىك - يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسىنىڭ قايتما ئىنكاس مەسىلىلىرىگە مەركەزلەشتۈرۈپ، تېخىمۇ كۈچلۈك سىياسىي مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىش، تېخىمۇ ياخشى سىياسىي ئاڭلىقلىق، تېخىمۇ چوڭ سىياسىي مەسئۇلىيەت، تېخىمۇ ئەمەلىي خىزمەت تەدبىرلىرى بىلەن كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ، تۈزىتىش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ئالغا سىلجىتىپ، تۈزىتىش ۋەزىپىسىنى سان - سۈپەتكە كاپالەتلىك قىلغان ھالدا ئۆز قەرەلىدە تاماملاش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ئورۇنلاشتۇرما - تەلىپى بويىچە دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ، دەرھال ئۆزگەرتىشنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ كۈچەيتىش كېرەك. ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار تەشەببۇسكارلىق بىلەن مەركەز نازارەتچىلىك - يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسىنىڭ قايتما ئىنكاس مەسىلىلىرىنى ئۆلچەمگە توغرىلاپ، كەسكىن پوزىتسىيە ۋە ئەمەلىي ھەرىكەت ئارقىلىق دەرھال تۈزىتىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، مەسىلە ئېنىقلانمىغىچە قويۇۋەتمەسلىك، مەسئۇلىيەت ئەمەلىيلەشمىگىچە قويۇۋەتمەسلىك، تۈزىتىش جايىدا بولمىغىچە قويۇۋەتمەسلىك، ئامما رازى بولمىغىچە قويۇۋەتمەسلىكنى قەتئىي ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. مەركەز نازارەتچىلىك - يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسىنىڭ تەلىپى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ئورۇنلاشتۇرمىسى بويىچە، تۈزىتىش تىزىملىكىنى تۈرمۇتۈر تۇرغۇزۇپ، تۈزىتىشكە مەسئۇل تارماق ۋە مەسئۇل كىشىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تۈزىتىش مۇددىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ھەربىر مەسىلىنىڭ جايىدا تۈزىتىلىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ھەرقايسى ئەزا ئورۇنلار كۆرسىتىلگەن مەسىلىنى سېلىشتۇرۇپ، ئەمەلىيەتكە زىچ باغلاپ، تۈزىتىش لايىھەسىنى تۈزۈپ، تۈزىتىش نىشانىنى مىقدارلاشتۇرۇپ، تۈزىتىشنى قەرەلىدە تاماملىشى كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: ئىشەنچ، ئىرادىنى يەنىمۇ چىڭىتىپ، قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۈرىشىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا قەتئىي تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇش كېرەك. دىققەتنى قارا، رەزىل كۈچلەرگە چېتىشلىق مەسىلىلەر گەۋدىلىك بولغان نۇقتىلىق رايونلار، نۇقتىلىق كەسىپلەر، نۇقتىلىق ساھەلەرگە مەركەزلەشتۈرۈپ، زەربە بېرىش تىغ ئۇچىنى ئاممىنىڭ ئىنكاسى ئەڭ كۈچلۈك بولغان، ئامما ئەڭ قاتتىق نەپرەتلەنگەن تۈرلۈك قارا، رەزىل كۈچلەرنىڭ قانۇنغا خىلاپ جىنايىتىگە قارىتىپ، قارا كۈچلەرگە چېتىشلىق، رەزىل كۈچلەرگە چېتىشلىق مۇھىم، زور دېلولارنى، قارا، رەزىل كۈچلەرنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسىنى، ئارقىسىدىكى «مۇناسىۋەت تورى» «مۇھاپىزەت كۆنلۈكى»نى چوڭقۇر قېزىپ، تەلتۆكۈس تەكشۈرۈپ، ھەقىقىي تۈردە قارا كۈچلەر بولسا قارا كۈچلەرنى تازىلاپ، رەزىللىك بولسا رەزىللىكنى تۈگىتىپ، قالايمىقانچىلىق بولسا قالايمىقانچىلىقنى تۈزەش كېرەك. بىر قولدا قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىشنى، بىر قولدا ئاممىنى ئىنتىپاقلاشتۇرۇش، قوزغاشنى تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئاممىنى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشتۇرۇپ، بىر مەيدان قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش خەلق ئۇرۇشى قىلىش كېرەك.

(بېشى 1 - بەتتە)

ئالاقىلىشىشنى كۈچەيتىپ، بىللە ئىمزا قويۇش، قولغا ئېلىش، ئەرز قىلىش دەۋاسىنى ئۇدۇللاشتۇرۇش، گۇمانلىق دېلولارنى كېڭەشىش قاتارلىق ئۇنۇملۇك خىزمەت مېخانىزمىنى ئورنىتىپ، زەربە بېرىشتە بىرىكمە كۈچ شەكىللەندۈرۈپ، قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۈرىشىنى يۇقىرى بېسىم بىلەن باشلاش، دەل جايىدا كۈچەيتىشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلغان.

«بىر تەرەپتىن نازارەت قىلىپ، بىر تەرەپتىن ئۆزگەرتىشتە چىڭ تۇرۇپ، ھەقىقىي تۇتۇپ قىيىنغا تېگىش قىلىشقا جۈرئەت قىلىش» خىزمەت تەلىپىگە ئاساسەن، ئىلى ئوبلاستىدىكى ئىككى دەرىجىلىك تەپتىش مەھكىمىلىرى چوڭقۇر قېزىش، ئۈزۈل - كېسىل تەكشۈرۈش تەلىپىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بېجىرىپ بولغان مۇھىم، زور دېلولارنى قايتا قاراپ چىقىشنى قانات يايدۇرۇپ، «كۆنلۈكنى بۇزۇپ، چىۋىنگە زەربە بېرىش» يۇقىرى بېسىم ھالىتىنى شەكىللەندۈردى. قارا كۈچلەرگە چېتىشلىق، رەزىل كۈچلەرگە چېتىشلىق دېلو، قارا كۈچلەرگە چېتىشلىق، رەزىل كۈچلەرگە چېتىشلىقلارنى قولغا ئالمىغان، ئەرز قىلمىغان دېلو، باغلىنىشلىق دېلو(توپلىشىپ ئۇرۇشۇش، ئۆكتەملىك قىلىپ جېدەل چىقىرىش قاتارلىق جىنايەتلەر) قاتارلىقلارغا قارىتا نۇقتىلىق ھالدا بىر قېتىملىق ئومۇميۈزلۈك رەتكە تۇرغۇزۇپ ئۆزىنى تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلدى. ئۆزىنى تەكشۈرۈش جەريانىدا، تەپتىشلەردىن دېلولارنى ئەستايىدىل كۆرۈپ، قارا كۈچلەرگە چېتىشلىق، رەزىل كۈچلەرگە چېتىشلىق يىپ ئۇچلىرىنىڭ چۈشۈپ قالغان - قالمىغانلىقىنى، قارا كۈچلەرگە چېتىشلىق، رەزىل كۈچلەرگە چېتىشلىق كىشىلەرنىڭ ئاخىرغىچە چوڭقۇر قېزىلىپ، تەلتۆكۈس تەكشۈرۈلگەن - تەكشۈرۈلمىگەنلىكىنى ئېنىقلاپ، قەتئىي ھالدا ھەرقانداق بىر قىممىتى بار يىپ ئۇچىنى چۈشۈرۈپ قويماسلىق تەلەپ قىلىندى.

«ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش دېلو يىپ ئۇچىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش خىزمەت مېخانىزمى»غا ئاساسەن، تەپتىش تارماقلىرى تەھقىقلەشنى نازارەت قىلىش، ئەيىبلەش، جىنايى جازانى ئىجرا قىلىش، ئەرز - شىكايەت قىلىش، ھەق تەلەپ مەمۇرىي تەپتىش قاتارلىق تارماقلارنىڭ ئىچكى قىسمىنى ئۇدۇللاشتۇرۇشنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، يىپ ئۇچىنى ئىچكى قىسىمدا رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈش مېخانىزمىنى ئورنىتىپ، دېلو باشقۇرۇش تارماقلىرى تەرتىپنى نازارەت قىلىپ تىزگىنلەش، سانلىق مەلۇماتلارنى تەھلىل قىلىش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش تۈردىكى دېلولارنىڭ پۈتۈن جەريانىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇپ، خاتالىشىش، چۈشۈپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئالدى. ئەرز - شىكايەت قىلغۇچى تارماقلار زىيارەتنى قوبۇل قىلىش ئۇچۇر ھېساباتى تۇرغۇزۇش ئارقىلىق قەرەللىك ھالدا يىپ ئۇچىنى رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈپ، قايتما ئىنكاس قىلىپ، ئالاقىدار تارماقلارغا يىپ ئۇچىنى دەل ۋاقتىدا ئۆتكۈزۈپ بەردى. تەپتىش ئورگىنى جامائەت خەۋپسىزلىكى، سوت مەھكىمىسى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە كومىتېتى قاتارلىق تارماقلار بىلەن خىزمەتنى ئۇدۇللاشتۇرۇش ۋە ماسلىشىشتا، «قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش دېلولىرىدىكى تەھقىقلەش، قولغا ئېلىش، ئەرز قىلىشنى ئۇدۇللاشتۇرۇش مېخانىزمى» قاتارلىق ئۈچ مېخانىزمنى ئورتاق بىللە ئىمزالاش ئارقىلىق ئالدىن ئارىلىشىش، دەلىل - ئىسپات ئېلىشقا يېتەكلەش، قولغا ئېلىش، ئەرز قىلىشنى ئۇدۇللاشتۇرۇش، گۇمانلىق دېلولاردا كېڭەشىش قاتارلىق خىزمەت مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، دېلو بېجىرىش جەريانىدا ئۇچرىغان مەسىلىلەرنى دەل ۋاقتىدا ھەل قىلىپ، دېلو سۈپىتىنى چىڭ تۇتۇپ، ماسلىشىش، ھەمتۈرتكە بولۇشنى كۈچەيتىپ، زەربە بېرىش بىرىكمە كۈچىنى شەكىللەندۈرۈپ، زەربە بېرىش ئۈنۈمىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

ئىلى ئوبلاستلىق خەلق تەپتىش مەھكىمىسى يەنە تەۋەلىكىدىكى 11 ناھىيەلىك، شەھەرلىك تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس نازارەتچىلىك - يېتەكچىلىك خىزمىتىنى قانات يايدۇردى. غۇلجا ناھىيەلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسى، نىلقا ناھىيەلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىگە نازارەتچىلىك - يېتەكچىلىك قىلىش جەريانىدا، نازارەتچىلىك - يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسى تەھقىقلەش ئورگانلىرى رازۋېدكا قىلىۋاتقان بەش يىپ ئۇچىغا، بېجىرىۋاتقان 13 دېلوغا قارىتا سىستېمىلىق رەتلەش ۋە تەھلىل ئېلىپ باردى ھەم دەلىل - ئىسپاتلارنى بىرلەشتۈرۈپ قانداق تەھلىل قىلىش، دەلىل - ئىسپاتلارنى يىغىشتا يۆنىلىشنى قانداق بېكىتىش، قارا، رەزىل كۈچلەرنىڭ جىنايىتىنى قانداق بېكىتىش قاتارلىق قىيىن مەسىلىلەرگە بىر - بىرلەپ جاۋاب بېرىپ، بىر - بىرلەپ يېتەكلەپ، يۈزتۇرا ھەل قىلىپ، قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۈرىشىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇشنى ئۈنۈملۈك ئالغا سىلجىتتى.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: تۆت بەتلىكنىڭ 0.5 يۈەن، سەككىز بەتلىكنىڭ بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)